## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن

# «مەن ۋە ۋەتىنىم» ئاممىۋى خاراكتېرلىك باش تېمىلىق تەشۋىق ـ تەربىيە پائالىيىتى كەڭ كۆلەمدە تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇلدۇ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: تۆرلۈك ئاممىۋى خاراكتېرلىك باش تېمىلىق تەشۋىق ـ تەربىيە پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش كېرەك. بىرىنچىدىن، ئۆگىنىش، ھېس قىلىش پائالىيىتى. ئۆگىنىش، ھېس قىلىش لىنىيەسىنى كۆڭۈل قويۇپ لايىھەلەپ، ئېلان قىلىپ، كادىرلار، ئاممىنى يېقىن ئەتراپتا، قولايلىق جايدا نەق مەيداندا تەكشۈرۈش، دۆلەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، شەھەر، يېزىلارنىڭ يېڭى قىياپىتىنى كۆرۈش، ئەتراپىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈشكە يېتەكلەش كېرەك. ئىككىنچىدىن، باش تېمىلىق تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى. پۇقرالار تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىش ۋە ھەقىقىي ھېسسىيات بىلەن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، كەسىپنى قەدىرلەش، ئارزۇغا ئىنتىلىش، ئارزۇنى رويابقا چىقىرىش، كۈرەش قىلىپ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەش كېرەك. يۇرۇشلۇك مۇنبەرلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان ئالاقىدار ساھەلەردە يۈزبەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى، قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى چۆرىدەپ باش تېمىلىق تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، جۇمھۇرىيەت ھېكايىلىرى توپلىمى پائالىيىتى. پېشقەدەم جەڭچىلەر، پېشقەدەم يولداشلار، پېشقەدەم مۇتەخەسسىسلەر، پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار، پېشقەدەم ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەشكە سەپەرۋەر قىلىپ، باش تېمىلىق كىتاب ئوقۇش، باش تېمىلىق كىنو ـ تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى كۆرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مەھەللە شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش پائالىيىتى ۋە «دەۋر يېڭى كىشىلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى ــ مەن ۋەتەن بىلەن بىللە ئۆسۈپ يېتىلدىم» تېمىسىدىكى نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىنى تەشكىللەپ، قەھرىمانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى مەدھىيەلەپ، ئىنقىلابىي روھنى ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك. تۆتىنچىدىن، ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ئەسلەش پائالىيىتى. ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش ـ سۈپۈرۈش، گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش، تەزىيەنامە ئوقۇش، تەۋەررۈك بۇيۇملارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈش ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ قەسەم بېرىش پائالىيىتىنى مەركەزلىك قانات يايدۇرۇپ، كومپارتىيە ئەزالىرى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى، پېيونېرلارنى پارتىيەگە كىرىش، ئىتتىپاققا كىرىش، پېيونېرلار ئەترىتىگە كىرىش قەسەمنامىسىنى قايتىلاشقا تەشكىللەش كېرەك. ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى يازلىق تەتىلدە قىزىل باش تېمىلىق يازلىق لاگېر، ھېس قىلىش لاگېرى قاتارلىقلارغا قاتنىشىپ، ئىنقىلابىي ھېسسىياتنى ھېس قىلىش، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىشقا تەشكىللەش كېرەك. بەشىنچىدىن، ئۈلگىلەر نەمۇنىچىلاردىن ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار»نى باھالاپ تەقدىرلەش، كادىرلار، ئاممىنى جوڭقۇرلاپ ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىشقا، ھال سوراشقا تەشكىللەش كېرەك. ئالتىنچىدىن، ئورتاق دۆلەت بايرىقى چىقىرىش، ئورتاق دۆلەت شېئىرى ئېيتىش پائالىيىتى. ھازىردىن باشلاپ بۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 7دە، ھەر دەرىجىلىك رادىيو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ئاساسىي چاستوتىسى، ئاساسىي قانىلىدا دۆلەت شېئىرىنى دەل ۋاقتىدا ئاڭلىتىشى، كۆرسىتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى، چوڭ تىپتىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، پۈتۈن مەملىكەتتىكى شەھەر، يېزا، مەھەللە ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىسى قاتارلىقلار دۆلەت بايرىمىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە داغدۇغىلىق دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشى، دۆلەت بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە دۆلەت بايرىقى ئېسىشى كېرەك. ئائىلىلەرنى ئائىلىسىدە دۆلەت بايرىقى ئېسىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارغا دۆلەت بايرىقى، دۆلەت گېربى ۋە دۆلەت شېئىرىنىڭ تارىخى ۋە مەنىۋى ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى چۈشىنىش تەربىيەسى بېرىشى كېرەك. يەتتىنچىدىن، باش تېمىلىق ئەسەرلەرنى توپلاش، كۆرگەزمە قىلىش پائالىيىتى. «مەن ۋەتەن بىلەن بىللە ئۆسۈپ يېتىلدىم»نى چۆرىدەپ، باش تېمىسى روشەن، ژانىرى كۆپ خىل بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يىغىپ باھالاپ، كۆرگەزمە قىلىپ، ئاساسىي ئېقىم قىممەت ئىدىيەسىنى تارقىتىش كېرەك. سەككىزىنچىدىن، «ئوقۇش باشلاش بىرىنچى دەرسى» تەربىيە پائالىيىتى. دىققەتنى «مەن ۋەتەن بىلەن بىللە ئۆسۈپ يېتىلدىم»گە مەركەزلەشتۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ۋە ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك. ياش ـ ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارغا يۈزلەنگەن كۆپ تاراتقۇ ئەسەرلىرىنى توپلاش، كۆرستىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش كېرەك. توققۇزىنچىدىن، بايرام باش تېمىلىق پائالىيىتى. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرىنىڭ مەدەنىيەت ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى چوڭقۇر قېزىپ، ۋەتەننى سۆيۈش باش تېمىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يېقىن ئەتراپتا، قولايلىق جايدا كىچىك تىپتىكى كۆپ خىل بايراملىق مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، مۇنەۋۋەر بايرام مەدەنىيىتى، ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاققا ۋارىسلىق قىلىش كېرەك. ئونىنچىدىن، دۆلەت مۇداپىئە تەربىيەسى پائالىيىتى. «شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى مەدھىيەلەش، ئارمىيە ـ خەلق بىر نىيەتتە ئارزۇنى رويابقا چىقىرىش»نى باش تېما قىلىپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. دۆلەت مۇداپىئەسى باش تېمىسىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇنى قويۇش، ماھارەت مۇسابىقىسى، ھەربىي ئىشلارنى تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىش، ھەربىي گازارمىلارنى ئېچىۋېتىش، دۆلەت مۇداپىئە تەربىيەسىنى مەكتەپلەرگە كىرگۈزۈش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى قارىشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئون بىرىنچىدىن، توردىكى باش تېمىلىق تەشۋىق ـ تەربىيە پائالىيىتى. «مەن ۋە ۋەتىنىم» باش تېمىسىنى چۆرىدەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇۋاپىق تېمىسى تەسىس قىلىپ، تور ئەھلى ياقتۇرىدىغان تور مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ لايىھەلەپ ئىچىپ، توردا ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ياد ئېتىش پائالىيىتى، توردا زېھىن سىناش مۇسابىقىسى قاتارلىقلارنى قانات يايدۇرۇپ، تور ئەھلىنى قاتنىشىشقا جەلپ قىلىش كېرەك. ئون ئىككىنچىدىن، تۈرلۈك ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى. مەيدان ئۇسسۇلى ئويۇنى قويۇش، خور بايرىمى، مۇزىكا بايرىمى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى جايلاردىكى مەھەللىلەردە قوشنىلار بايرىمى ئۆتكۈزۈپ، مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈپ ھەمراھ بولۇش، قوشنىلار يۇملاق ئۇستەل يىغىلىشى، قوشنىلار قوشماقلىشىپ ياردەم بېرىش ـ يۆلەش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، دۆلەت بايرىمىلىق باغ سەيلىسى پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، خۇشال ـ خۇرام، ئىناق بايرام كەيپىياتى يارىتىش كېرەك. ئون ئۈچىنچىدىن، كۆڭۈل قويۇپ جەمئىيەت ئاممىۋى مۇھىتى يارىتىش. ئاممىۋى پاراۋانلىق تەشۋىقات سۈپىسىدا تارقىتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، ئاممىۋى پاراۋانلىق ئېلانى تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. كوچا بازىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، لوزۇنكا، شوئار، تەشۋىقات ئاسما رەسىملىرىنى چاپلاپ، ئېسىپ، كۆرگەزمە قىلىپ، كوچا ئاكتىپ كۈچىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار تۇغرا يۈنىلىشنى ئىگىلەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، مۇقىملاشتۇرۇش، ئىلھاملاندۇرۇشتا، ئىجابىي تەشۋىقاتنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك. ئىدىيەۋى ماھىيەتلىك مەزمۇننى گەۋدىلەندۈرۈپ، مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تولۇق سۆزلەپ، تەجرىبىلەرنى ئەتراپلىق سۆزلەپ، ۋەزىيەتنى ئېنىق سۆزلەپ، كەلگۈسىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا روھنى ئۇرغۇتۇش، جەڭگىۋارلىق روھنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئاممىنى قاتنىشىشقا جەلپ قىلىپ، ئاساسىي قاتلامدا قىزغىنلىق قوزغاش، ئاما ئارىسىدا قىزغىنلىق قوزغاشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنىڭ سۇبيېكتلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ ئاممىنى مەۋقەنى ئۆز خىزمىتىگە قويۇپ تۆھپە قوشۇشقا، يېڭى دەۋر ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ، ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا يېتەكلەش كېرەك. دۆلەت بايرىمى مەدەنىيىتىنى يېتىلدۈرۈپ، دۆلەت بايرىمى ئالتۇن ھەپتىلىكنى ۋەتەننى سۆيۈش پائالىيىتى ھەپتىلىكىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئەمەلىي، تېجەشلىك بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي مەسىلەرنى ھەل قىلىشقا كۈچەپ تۆرتكە بولۇپ، ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، خۇشاللىق كەيپىياتىنى ھەربىر ئىجتىمائىي توپقا سىڭدۈرۈش كېرەك. مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسى ھەم ئۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنىڭ روھىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شەكىلۋازلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، چېكىدىن ئاشقان ئىسراپچىلىقنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، پائالىيەتنى تېجەشلىك ئۆتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئاساسىي قاتلام ۋە ئاممىنىڭ يۈكىنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، تەبرىكلەش پائالىيىتىنى باھانە قىلىپ سودا ھاياتكەشلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشنى ۋە ناتوغرا ئىستىللارنى قاتتىق چەكلەش، خاتىرە بۇيۇملارنى بەلگىلىمىگە خىلاپ ياساش، تارقىتىش ۋە مەبلەغ توپلاش سېپلىقى سېلىشنى قاتتىق چەكلەش كېرەك. تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۆڭۈل قويۇپ يولغا قويۇپ، ئەمەلىيەتكە تولۇق بىرلەشتۈرۈپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەپ، بىختەرلىك مەسئۇلىيىتىنى پائالىيەتنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك پائالىيەتلەرنىڭ بىختەر، تەرتىپلىك، خۇشال ـ خۇرام، ئىناق ئۆتكۈزۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

«ئۇقتۇرۇش»تا شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش تەشۋىقات لوزۇنكا شوئارلىرى ئېلان قىلىنىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ تاللاپ ئىشلىتىشى ئۈچۈن تەمىنلەندى.

# بىر باغچە رايونى قۇرۇش بىر پارچە چۆل ـ باياۋاننى كۆكەرتىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇ فۇكاڭ ئېنېرگىيەسى پارتكوم، مەمۇرىيەت ئىشخانىسىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتى، كۆز ئالدىدىكى ياپيېشىل ئوت ـ چۆپلەر، سايە تاشلاپ تۇرغان يېشىل دەرەخلەرگە قاراپ ئۇ بۇ يەرنى خاتىرىسىدىكى چۆل ـ جەزىرە بىلەن پەقەتلا باغلىيالمىدى. ماقالە يوللانغاندىن كېيىن، باغچە رايونىغا كېلىپ باقمىغان بەزى دوستلىرى ئۈنىڭدىن «بۇ راستىنلا باغچە رايونىمۇ؟ باغچىدا تارتىلغان سۈرەت ئەمەستۇ؟» دەپ سورىدى.

فۇكاڭ ئېنېرگىيەسىدىكى پېشقەدەم خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى خىزمەت قىلىۋاتقان، تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بۇ باغچىلاشقان باغچە رايونىنىڭ فۇكاڭ ئېنېرگىيەسىگە تەۋە شىنجاڭ جۇڭتەي (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ جاپالىق قان ـ تەرى بەدىلىگە كەلگەنلىكىنى بىلىدۇ.

فۇكاڭ ئېنېرگىيەسى ئارقا سەپ تەمىنات مەركىزىنىڭ كۆكەرتىش، تازىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىمى جەن خۇڭۋېي بىر پېشقەدەم خىزمەتچى. 2011 ـ يىلى، فۇكاڭ ئېنېرگىيەسى قۇرۇلۇشقا تېخى ئۇل سالمىغاندا، ئەينى چاغدا تېخى جۇڭتەي گۇرۇھىنىڭ باشقا كارخانىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان جەن خۇڭۋېي خىزمەتداشلىرى بىلەن بىللە دەم ئېلىش كۈنىدىن پايدىلىنىپ بۇ چۆلگە كېلىپ كۆچەت تىككەنىدى. ئۇ چاغدا، مەيلى گۇرۇھنىڭ باش مۇدىرى، يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىسى بولسۇن ياكى ئادەتتىكى خىزمەتچىسى بولسۇن، ۋاقتى بولسىلا نۆۋەت بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ ئورەك كولاپ، كۆچەت تىكەتتى.

2012 ـ يىلى، فۇكاڭ ئېنېرگىيەسى قۇرۇلۇش باشلاش بىلەن بىللە، زور كۈچ بىلەن كۆچەت تىكىپ يېشىللىق بەرپا قىلدى، بىر يىللىق كۆكەرتىش سېلىنمىسى 30 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئۇ دا نەچچە يىل كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ئۇزۇنلۇقى تۆت كىلومېتىر، كەڭلىكى 800 مېتىر كېلىدىغان ئورمان بەلبېغى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى، يېشىل دەرەخلەر بىلەن ئورالغان بىر باغچە رايونى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

بۇ يىللاردا، فۇكاڭ ئېنېرگىيەسى 100 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىپ، باغچە رايونىغا 220 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكتى، يېشىللىق كۆلىمى 2500 مودىن ئېشىپ، باغچە رايونىنىڭ يەر كۆلىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 60%تىن ئاشتى.

2012 ـ يىلى، جەن خۇڭۋېي فۇكاڭ ئېنېرگىيەسىدە يېڭىلا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندە، باغچە رايونىنىڭ كۆكەرتىش يېرىك پىلان خەرىتىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، دەسلەپتە كۆز ئالدىدىكى قاقاس چۆللۈكنىڭ ھەممە يەر يېشىللىق بىلەن قاپلانغان باغچە رايونىغا ئۆزگىرىشكە ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالمىغانىدى. ئەمما ئاران بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، شۇنچە چوڭ باغچە رايونىغا ئېگىز ـ پاكار غوللۇق دەرەخلەر، چاتقاللار تولۇپ كەتتى، باغچە رايونىدا ئېچىلىپ قالغان سېرىق توپىلىقلارنى ناھايىتى ئاز ئۇچراتقىلى بولىدىغان بولدى.

بۇنىڭ ئۈچۈن فۇكاڭ ئېنېرگىيەسى جاپالىق ئەجىر سىڭدۈردى. شورلۇق يەرنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئۇلار ھەر يىلى زور مىقداردا مەھەللىۋى ئوغۇت ئىشلەتتى، يەنە بىر قىسىم جايلاردىكى تۇپراقنى پۈتۈنلەي يېڭىلىدى، زاۋۇت رايونىدىكى چىملىق توپىسىنى ئۇدا ئۈچ يىل ئالماشتۇرۇش، ياخشىلاش ئارقىلىق ئاندىن بەرپا قىلىنغان. ھازىر، باغچە رايونىنى كۆكەرتىش گۈزەللەشتۈرۈش نىشانىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە.

چۆللۈكتىن باغچىلاشقان زاۋۇتقا ئۆزگەرگەنى يالغۇز فۇكاڭ ئېنېرگىيەسىلا ئەمەس. كۆپ يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ جۇڭتەي گۇرۇھى «بىر باغچە رايونى قۇرۇش، بىر پارچە چۆل ـ باياۋاننى كۆكەرتىش، شۇ جايدىكى خەلققە بەخت يارىتىش» قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى، فۇكاڭ، توقسۇن، كورلا، ئارال قاتارلىق جايلاردا ئون چوڭ سانائەت باغچىسى قۇردى. كارخانىلار يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىش بىلەن بىللە، ھەربىر باغچە رايونىنى لايىھەلەش، قۇرۇشنىڭ دەسلەپىدىلا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى سانائەت باغچىسىنى كۆكەرتىشنى يىرىك پىلانلاش، لايىھەلەش قارىشىنى كىرگۈزۈپ، نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپ، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىپ، قاقاس تاغنى كۆكەرتىپ، بىخەتەر ئېكولوگىيەلىك توسۇق ـ ھاتە ئورمان بەلبېغى بەرپا قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە، بۇك ـ باراقسان دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان، گۈللەر ئېچىلغان، تاللار ياشارغان باغچىلاشقان زاۋۇتلار چۆل ـ باياۋاندا، قاقاس تاغ ئارىسىدا قەد كۆتۈردى.

خىزمەتچىلەرگە گۈزەل، يېقىشلىق خىزمەت مۇھىتى يارىتىپ بېرىلىش بىلەن بىللە، شۇ جاينىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. فۇكاڭ ئېنېرگىيەسىنىڭ ئورمان بەلبېغىدا، نامىنى بىلمەيدىغان تۈرلۈك قۇشلار سايرايدىغان بولدى، دائىم ياۋا توشقان، قىرغاۋۇل، ھەتتا تۈلكىنىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدىغان بولدى. چۆللۈكتىكى قاتار ـ قاتار باغچىلاشقان زاۋۇتلاردىن خىزمەتچىلەرمۇ پەخىرلىنىدىغان بولدى. ئادەتتە گۈزەللىكنى سۆيىدىغان سۇڭ رۇ زاۋۇت رايونىدىلا تاشئالما گۈلى، گۈلجېنەستە، گىلاس چېچەكى قاتارلىقلارنىڭ پورەكلەپ ئېچىلغان چاغدىكى نۇرغۇن سۈرەتلىرىنى تارتاتتى، ھېلىقى ماقالىنى ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇ پەقەت بىر چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ بىر نەچچە پارچە سۈرەتنى تولۇقلاپ تارتىپلا ماقالىنى ئوڭۇشلۇق پۈتكۈزدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چۆل ـ باياۋان، قۇملۇق كەڭ تارقالغان ھەم قۇرغاق، ھۆل ـ يېغىن ئاز شىنجاڭدا يېشىللىق ئادەتتىن تاشقىرى قىممەتلىك، بولۇپمۇ ئەسلىدىنلا قاقاس بولغان چۆل ـ باياۋاندا يېشىللىق بەرپا قىلىش، يېشىللىقنى كۆپەيتىش تېخىمۇ قىيىن، بۇنىڭغا قانچىلىك جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈلىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكىلى بولىدۇ. شىنجاڭدىكى چوڭ تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شىنجاڭ جۇڭتەي گۇرۇھى تەرەققىي قىلىش جەريانىدا باشتىن ـ ئاخىر يېشىل تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسرايدىغان، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق كارخانىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش بىلەن بىللە، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش سالمىقىنى سىجىل ئاشۇرۇپ، چۆل ـ باياۋان، قاقاس تاغنى كۆكەرتىپ، خىزمەتچىلەرگە ئولتۇراقلىشىشقا باب كېلىدىغان تۇرمۇش ۋە خىزمەت مۇھىتى يارىتىپ بەردى، شۇنداقلا شۇ جايغا بىر پارچە يېشىللىق قالدۇردى.

ياخشى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئەڭ ئومۇمىي مەنپەئەتدار بولغان خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتى. كارخانىلار ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىش بىلەن بىللە، چوقۇم ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئاسراشنى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىپ، بۇلغىنىشنى تۈزەش، ئېنېرگىيە تېجەش، بۇلغىما ئازايتىش، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە كۈچەپ، جەمئىيەت ئۈچۈن ئېكولوگىيەلىك بايلىق يارىتىپ، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان گۈزەل ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا بولغان ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇشى كېرەك.

# ئاسىيا مەدەنىيلىكى ۋە دۇنيا مەدەنىيلىكىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىنسانىيەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشتەك پۈتۈن دۇنياغا بولغان مۇھەببىتىنى تولۇق نامايان قىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ نۇرىنى چاقنىتىشقا كۈچ چىقىرىدىغان تارىخىي مەسئۇلىيىتىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كەڭ ئورتاق ساداسى ۋە چوڭقۇر ئويلىنىشىنى قوزغىدى.

رەئىس شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «ئىنسانلار پەقەت تېرىسىنىڭ رەڭگى، تىلى ئارقىلىق پەرقلىنىدۇ، مەدەنىيلىك پەقەت رەڭدارلىق جەھەتتىلا پەرقلىنىدۇ، لېكىن ھەرگىزمۇ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك، ئەلا ـ ناچارلىق پەرقى بولمايدۇ.» ھەربىر خىل مەدەنىيلىك ئۆزى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تۇپراقتا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، ئۇنىڭغا بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ ئاجايىپ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە مەنىۋى ئىنتىلىشى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىممىتى بار. ئۆزىنىڭ ئىرقى ۋە مەدەنىيلىكىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەپ قاراپ، باشقا مەدەنىيلىكنى جاھىللىق بىلەن ئۆزگەرتىش، ھەتتا ئۇنىڭ ئورنىنى ئېلىش تونۇش جەھەتتە ئەخمەقانىلىك، ئۇسۇل جەھەتتە ئاپەت خاراكتېرلىكتۇر! ئەگەر ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكى پەقەت بىرلا خىل رەڭدە، بىرلا خىل ئەندىزىدە بولۇپ قالسا، ئۇنداقتا بۇ دۇنيا بەك مەنىسىز، شۇنداقلا زېرىكىشلىك بولۇپ قالغان بولاتتى! تارىخ شۇنى قايتا ـ قايتا ئىسپاتلىدىكى، ھەرقانداق مەجبۇرلاش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ مەدەنىيلىك پەرقىنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان ئۇسۇل مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمايدۇ، ئەكسىچە دۇنيا مەدەنىيلىكىگە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. ھەر خىل مەدەنىيلىك ئەسلىدىنلا توقۇنۇشمايدۇ، پەقەت بارلىق مەدەنىيلىكنىڭ گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنىدىغان كۆز بولۇشى كېرەك. ئاشۇ ئاتالمىش «مەدەنىيلىك توقۇنۇشى نەزەرىيەسى» «مەدەنىيلىك ئەلا ـ ناچارلىق نەزەرىيەسى» بىر بولسا ھاكاۋۇرلۇق ۋە بىر تەرەپلىمە قاراش بىلەن كۆزنى توسۇپ قويغانلىق، بىر بولسا مەدەنىيەت زوراۋانلىقىنى ئۆكتەملىك بىلەن يولغا قويغانلىق. دەل چەت ئەل سىياسىي ئەربابلىرى ئېيتقاندەك: ھەقىقىي مەدەنىيلىك ئارىسىدا توقۇنۇش ۋە قارشىلىشىش يۈزبەرمەسلىكى كېرەك ھەم يۈزبەرمەيدۇ، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيلىكلەر ئارىسىدا پەرق مەۋجۇت، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، سۆزلىشىش، ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىپ، ئارتۇقچىلىقنى قوبۇل قىلىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش كېرەك، مانا بۇ دۇنيانىڭ ئۇزاق تىنچ بولۇش ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىناق بىللە ئۆتۈش يولىدۇر.

رەئىس شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «بارلىق ھاياتلىق ئورگانىزملىرىنىڭ ھەممىسى ماددا ئالماشتۇرۇشقا موھتاج، بولمىسا ھاياتلىق توختاپ قالىدۇ. مەدەنىيلىكمۇ ئوخشاش، ئەگەر ئۇزاق مەزگىل بېكىنمە ھالەتتە تۇرسا، مۇقەررەر ھالدا زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ.» تارىخ بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، پەقەت ئالماشتۇرغاندىلا، ئۆزئارا ئۆرنەك ئالغاندىلا، بىرخىل مەدەنىيلىك ئاندىن ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ. ئەگەر ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى بېكىنمە ھالەتتىكى يالغۇز ئارالغا يەنە قايتىپ كەتسە، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكى مەڭگۈ باردى ـ كەلدى قىلماسلىق تۈپەيلى ھاياتىي كۈچىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. «كەڭ قورساق، سىغدۇرۇشچان بولغاندىلا زورىيىش بولىدۇ.» تۈرلۈك مەدەنىيلىكنىڭ چىن مەنىسىنى چۈشىنىشتە، جەزمەن باراۋەر، كەمتەر بولۇش پوزىتسىيەسىدە چىڭ تۇرۇش، ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان بولۇش، ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش روھىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئەگەر باشقا مەدەنىيلىككە ھۇجۇم قىلسا، كەمستسە، ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، ئېگىزدە تۇرۇپ پەسكە قارىغان ھالدا باشقا مەدەنىيلىككە مۇئامىلە قىلسا، باشقا مەدەنىيلىكنىڭ سىرىنى ئاچالمايلا قالماستىن، يەنە باشقا مەدەنىيلىك بىلەن پەقەتلا چىقىشالماي، ئەڭ ئاخىردا ئۆزىنىڭ مەدەنىيلىكىنى بىر ئىزدىلا توختىتىپ قويۇش جەريانىدا قاتماللاشتۇرۇپ، تارىخنىڭ تۇيۇق يولىغا كىرگۈزۈپ قويىدۇ. دەل رەئىس شى جىنپىڭ تەكىتلىگەندەك: «مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش تەڭ، باراۋەر بولۇشى، كۆپ مەنبەلىك، كۆپ يۆنىلىشلىك بولۇشى، ھەرگىزمۇ زورمۇزور، مەجبۇرىي بولماسلىقى، يەككە، تاق يۆنىلىشلىك بولماسلىقى كېرەك.» دېڭىزدەك كەڭ كۆڭلى ـ كۆكسى بىلەن مەدەنىيەت ئالاقىسىدىكى قورغاننى بۇزۇپ تاشلاپ، ھەممىنى قوبۇل قىلىش پوزىتسىيەسى بىلەن باشقا مەدەنىيلىكنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلغاندىلا، بىر خىل مەدەنىيلىك ئاندىن داۋاملىشىپ ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ گۈلزارلىقى ئاندىن رەڭگارەڭ گۈللەرگە تولىدۇ.

رەئىس شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش مەدەنىيلىك تەرەققىياتىنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى.» ئىنسانلار تارىخى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيلىكنىڭ ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشى، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشى، يۇغۇرۇلۇشىنىڭ بىر پارچە ئۇلۇغۋار يۈگمە رەسىمى. ئاسىيا خەلقلىرى شانلىق مەدەنىيلىك نەتىجىلىرىنى ياراتتى، ئاسىيا مەدەنىيلىكى ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەم دۇنيا مەدەنىيلىكى بىلەن ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش جەريانىدا تەرەققىي قىلىپ زورايدى. ئاسىيا مەدەنىيلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىنىپ ھازىرغىچە ئەزەلدىن ئۈزۈلۈپ قالمىدى، ئۇ جۇڭگو زېمىنىدا بارلىققا كەلگەن مەدەنىيلىك، شۇنداقلا باشقا مەدەنىيلىكلەر بىلەن ئۈزلۈكسىز ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن مەدەنىيلىك. تارىخ ۋە رېئاللىق شۇنى تولۇق بىلدۈردىكى، پەقەت ئۆز مەدەنىيلىكى بىلەن باشقا مەدەنىيلىكنىڭ پەرقىگە بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى كۈچەيتىپ، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيلىكنىڭ ئالماشتۇرۇشى، سۆزلىشىشى، ئىناق بىللە ئۆتۈشىگە كۈچەپ تۈرتكە بولغاندىلا، ئاسىيا مەدەنىيلىكى ۋە دۇنيا مەدەنىيلىكى ئاندىن ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش جەريانىدا ئورتاق ئالغا ئىلگىرىلەپ، تېخىمۇ ھاياتلىق ئىقتىدارىغا تولىدۇ، ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ. شۇنداقلا پەقەت مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشقا تۈرتكە بولغاندىلا، ئاندىن ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنى تېخىمۇ مول ماھىيەتلىك مەزمۇنغا ئىگە مەنىۋى تۇرمۇشتىن بەھرىلەندۈرگىلى، تېخىمۇ تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە كەلگۈسىنى ياراتقىلى بولىدۇ.

ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنىنىڭ بەلگىسى مەدەنىيلىكنىڭ رەڭدارلىقىغا سىمۋول قىلىنغان، مەدەنىيلىك جەھەتتە ئالماشتۇرۇش سۆزلىشىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. باراۋەر، ئۆزئارا ئۆرنەك ئالىدىغان، سۆزلىشىدىغان، سىغدۇرۇشچان مەدەنىيلىك قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق مەدەنىيلىك ئارازلىقىدىن ھالقىساق، مەدەنىيلىكتىن ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش ئارقىلىق مەدەنىيلىك توقۇنۇشىدىن ھالقىساق، مەدەنىيلىك ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئارقىلىق مەدەنىيلىك ئەۋزەللىكىدىن ھالقىساق، بىز چوقۇم ئاسىيا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق بەرپا قىلىشنىڭ ئادەمىيەت ئاساسىنى پۇختىلاپ، ئاسىيا مەدەنىيلىكى ۋە دۇنيا مەدەنىيلىكىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتالايمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**